شىنجاڭ گېزىتى 3 مۇھىم خەۋەرلەر
2021 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پەيشەنبە

# مەن شىنجاڭدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى كۆردۈم

□ ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى
لى شىڭ، مېھرىگۈل ناسىر

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىدىكى ئاق مەسچىتتە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ناماز ئوقۇۋاتاتتى، بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەن ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد كېشاۋارزىزادىمۇ ئەگىشىپ ناماز ئوقۇدى. «بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ مۇھىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، دەپ قارىدىم».

مۇھەممەد كېشاۋارزىزادى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ۋىلادىمىر نوروۋ ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىدىن تەركىب تاپقان 30 نەچچە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى. ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ھەمدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تەدرىجىي ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ھېس قىلدى. «چوڭ زالىنىڭ ئىچى ئازادە، يورۇق، گىلەملەر يۇمشاق، پاكىز ئىكەن، يەنە ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئىچىدىغان سۇ ماشىنىسى سەپلىنىپتۇ، تېخىمۇ كۆڭۈلگە ياقىدىغىنى شۇكى، يەنە ياشانغانلار، مېيىپلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە قولايلىق ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار بار ئىكەن.» مۇھەممەد كېشاۋارزىزادى مۇنداق دېدى: يەنە مەسچىتكە يانداشتۇرۇپ ئاشخانا، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا، تەرەت ئېلىش ئۆيى قۇرۇلۇپتۇ، تەبىئىي گاز، كەڭ بەلباغلىق تور، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئەسلىھەلىرى سەپلىنىپتۇ، مەخسۇس مەدەنىيەت كىتاب ئوقۇش ئۆيى سېلىنىپتۇ، مۇھىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن.

«جۇڭگو شىنجاڭ ھۆكۈمىتى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىدىكەن، بەزى غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغىنىدەك، «جۇڭگو ئىسلام دىنىنى باستۇرۇۋاتىدۇ، جۇڭگودا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى يوق» دېگەن ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. مۇھەممەد كېشاۋارزىزادى مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق، بىز جۇڭگونىڭ دىن سىياسىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە چۈشەندۇق، شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، جۇڭگو شىنجاڭ ھۆكۈمىتى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ناھايىتى ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بىلەن تەمىنلىگەن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقادى پۈتۈنلەي شەخسىي ئارزۇسى بويىچە بولىدىكەن.

ھىندونېزىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى دىنو كۇسنادى شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇمۇ مۇسۇلمان بولغاچقا، مەسچىتنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ئالاھىدە تەپسىلىي كۆردى. «مەن 500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى قوغدالغانلىقىنى كۆردۈم، مەسچىتتە ناماز ئوقۇغاندا، بۇ يەرنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى تولۇق ھېس قىلدىم.» دىنو كۇسنادى مەسچىت ئىمامىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، جۇڭگو شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، قەرەللىك ھەقسىز تەربىيەلەش، ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرغانلىقىنى، دىنىي خادىملارغا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە تەشكىللىگەنلىكى قاتارلىقلاردىن خەۋەردار بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇلار باشقىچە غەرەزدىكى بەزى تاراتقۇلارنىڭ جۇڭگو شىنجاڭنى ئاساسسىز ئەيىبلەشكە بېرىلگەن كۈچلۈك قايتۇرما زەربە ئىكەن.

ۋەكىللەر ئۆمىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتتىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ بازىرىنىڭ يۇقارقى قاز ئېرىق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى تۇرغۇن ماھمۇت شىنجاڭدا زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن كەلگەن چەت ئەلنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيىگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۆزىنىڭ بىر ترانسپورت شىركىتىدە شوپۇر بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئايىدا 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغانلىقىنى، خوتۇنىنىڭمۇ ئىشلەپ كىرىم قىلىدىغانلىقىنى، باللىرىنىڭ مەكتەپتە ھەقسىز ئوقۇيدىغانلىقىنى، بىر بالىسىنىڭ يەنە ئىچكىرى رايون شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتكەنلىكىنى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ناھايىتى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى تونۇشتۇردى.

نېپالنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ماخېندرا باھادىر پاندى مۇنداق دېدى: «بىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتتىكى ئاما تۇرغۇننىڭ ئائىلىسىدە ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى، مېھماندوستلۇقىنى ھېس قىلدۇق، ئۇلارنىڭ چېھرىدە پارلاپ تۇرغان تەبەسسۇمدىن جۇڭگو شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم، تىنچ جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئادەتتىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى تىرىشىپ ياخشىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرى، ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ قاتارلىقلاردا ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدۇ ھەم ئاما ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدۇ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى تەشۋىقات ـ تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن ـ كۆرگەزمە مەركىزىدە «شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى باش تېما كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئەمەلىي بۇيۇم، ئايرىم دېلولار كۆرگەزمىسى ئارقىلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتىكى ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمگە زەربە بېرىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ داۋاملىق قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمگە زەربە بېرىپ، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازاردا، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادىتى ھەم رەڭدار مەدەنىيىتىنى تولۇق ھېس قىلدى. گىلەم، خىلمۇخىل ئەتلەس كىيىم ـ كېچەكلەر، شەكلى ھەر خىل قولدا ياسالغان چالغۇ قاتارلىق ئىنتايىن خاسلىققا ئىگە شىنجاڭنىڭ قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ قولدىن چۈشمىدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىدىكى ئاق مەسچىت، قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتى قاتارلىق جايلاردا، دىنىي زاتلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىغا كۈندىلىك ناماز ئوقۇش، دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەش ھەمدە مەسچىتلەرگە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش، توققۇزنى سەپلەش» ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، كۆپچىلىك جۇڭگو شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئالقىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنى يۇقىرى دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بارغان ھەربىر يېرىدە، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى تونۇشتۇرۇشنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئاڭلىدى ھەم ناۋاي ئۇستىلار، دىنىي زاتلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قاتارلىقلار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى. ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولۇش ئارقىلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىدى.

ۋىلادىمىر نوروۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى لىنىيە بويىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى يېڭى ئالاقىلىشىش شەكلى ۋە ھەمكارلىق سۈپىتى بىلەن تەمىنلىدى، جۇڭگو شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يادرولۇق رايونى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەرەققىياتى تېز بولدى. ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولۇش ۋە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا ساھەسىدىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، خەلق رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر ـ بىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تېخىمۇ پارلاق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بايانات ئېلان قىلدى:

# شىنجاڭنىڭ ياخشى بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتىغا تۆھمەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

## رەزىل «سىياسىي شۇۋاڭخۇاڭ ئويۇنى» شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى توسۇيالمايدۇ

يېقىندا، غەربتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بولۇشىغا قۇرۇق گەپ سېتىپ، ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نى باھانە قىلىپ، ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىقنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭ پاختىسىنى توسۇش ھەققىدە داۋراڭ سالدى، بىر قىسىم چەت ئەل كارخانىلىرى ئۇلارنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، بۇ نېمىدېگەن رەزىل «سىياسىي شۇۋاڭخۇاڭ ئويۇنى» ھە! ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر شىنجاڭدا «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەسىلىسى مەۋجۇت دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقاردى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئالاقىدار تەرەپلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ، بېسىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پۇقراۋى كارخانىلار ۋە پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارغا ۋاكالىتەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ! ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئورۇندىغان بۇ ئويۇن تېپىك سىياسىي نەيرەڭۋازلىق، خەلقئارا سودا قائىدىسىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا خىلاپلىق قىلغانلىق، يەر شارىۋى كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان رەزىل قىلمىش.

شىنجاڭنىڭ سېجىل ئەلالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا تۆھمەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ! بولتۇردىن بۇيان، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بازار سۇبيېكتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئاچقۇچ قىلىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سېجىل ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇقىملىق پايدىسى، سىياسەت پايدىسى، يۇقۇملىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پايدىسىنىڭ ئۈستىلمە قويۇپ بېرىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بازار ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتتى. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليوندىن ئاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پاختىنى ئىنچىكە پىششىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپ زەنجىرى يېزا ئىقتىسادىدىكى تۈۋرۈك كەسپ ۋە خاس ئەۋزەل كەسىپكە، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك سودىسى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا ئەزا كارخانا 150تىن ئارتۇق بولۇپ، ساھە دائىرىسى پاختا توقۇمىچىلىق، گۈل بېسىش ۋە بوياش، يىپەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرنى قاپلىغان، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ كىيىم لايىھەلىگۈچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت (ساھە) جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، كەسىپ ئىجادىيەت بازىسى بەرپا قىلىپ، دۆلەت دەرىجىلىك لايىھەلىگۈچىلەر، تەسىر كۈچى زور ئىچكى ـ تاشقى سودا كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىنى ئەزا بولۇشقا جەلپ قىلدى؛ شىنجاڭ كەشتىچى ئاياللار مۇسابىقىسى تەشكىللەپ، خەلق ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر كەشتىچى ئاياللارنى قېزىپ چىقىپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كەشتە بۇيۇملىرى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى؛ ئاسىيا ـ ياۋروپا يىپەك يولى كىيىم ـ كېچەك بايرىمى ئۆتكۈزۈپ، دۇنياغا شىنجاڭنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلدى. ھازىر، بارغانسېرى كۆپ ئەزا كارخانىلار شىنجاڭ ئۇزۇن تالالىق پاختىسى ھەم ئۇزۇن تالالىق پاختا بۇيۇملىرىنى چۆرىدەپ پىكىر يولىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجادىي تەرەققىي قىلدى.

شىنجاڭنىڭ ياخشى بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتىغا تۆھمەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ! ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى پۇقراۋى كارخانىلار ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى تاللاش پۇرسىتىنى كۆپەيتتى. خوتەن بالىم سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2010 ـ يىلى كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەشكىللەپ قۇرغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلاردىن 763 كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە باشلامچى كارخانىغا ئايلاندى. شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئەلا سۈپەتلىك پاختا كارخانىنىڭ يۈرۈشۈشىنىڭ ئاساسىي كاپالىتى بولۇپ، ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بىللە ئىشلىشى، تەر تۆكۈشى كارخانىنىڭ سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم تايانچى. كارخانىنىڭ مەسئۇلى ئوبۇلھەسەن ئوبۇلقاسىم پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق بىلدۈردى: «كارخانىمىزنى كۆرۈپ چىقسىڭىزلا، سىز ‹مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش›نىڭ نومۇسسىزلارچە ئېيتىلغان يالغان ـ ياۋىداق سۆز ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيسىز، ئۇلارنىڭ رەزىل مەقسىتى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ!»

شىنجاڭدىكى ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتىگە تۆھمەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ! يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ ئۆلچەش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كارخانا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى دائىملىق كۆزىتىپ ئۆلچىدى، تەكشۈردى، ئۇقتۇرۇش ھالدا ئەمگەك توختامى، كوللېكتىپ توختامنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى، خىزمەت ۋاقتى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تاپشۇرۇش ۋە ئەمگەك ھەققى تارقىتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ ئۆلچىدى. كۆزىتىپ ئۆلچەش ئارقىلىق، پۇقراۋى كارخانىلار ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى مېخانىزم شەكىللەندۈردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك پۇقراۋى كارخانىلار ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى، مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كارخانا ۋەكىللىرىنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتى بويىچە ئۈچ تەرەپ كېڭىشىش مېخانىزمىنى ئورناتتى. بولتۇر يىل ئاخىرىدا، نۇرغۇن ئورۇنلار بىرلىكتە «ئەمگەك مۇناسىۋىتى بويىچە ‹ئىناق بىللە يۈرۈش› ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكەت پىلانى»نى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ئادەم ئىشلىتىشى، مائاش تەقسىماتىنى ياخشىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئاممىۋى مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە قىلىش، كېسىم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭدىكى كەڭ ئەمگەكچىلەرنى دەل جايىدا بولغان ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

شىنجاڭ قىلغان بارلىق ئىشلاردا سەممىي ـ كەڭ قورساق، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولدى، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ. ھەرقانداق تاشقى كۈچ شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا كاشىلا قىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنى توسۇيالمايدۇ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ. شىنجاڭنىڭ پاختىسىغا قارا چاپلاشقا يول قويۇلمايدۇ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۆھمەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ!

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

# شىنجاڭ پاختىسىغا ھەرقانداق كۈچنىڭ قارا چاپلىشىغا، داغ تەگكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ

شىنجاڭنىڭ پاختىسى ئاپئاق، سۈپەتلىك بولۇپ، قۇياش نۇرى ۋە شەبنەمنىڭ ھەدىيەسى، تەر تۆكۈش ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئىشلەشنىڭ مېۋىسى، يەر ۋە ئەمگەك ھەدىيە قىلغان بەخت. كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بولۇشىغا قۇرۇق گەپ سېتىپ، ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىقنى ئويدۇرۇپ چىقاردى، قىسمەن چەت ئەل كارخانىلىرى ئۇلارنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئىنتايىن بىمەنە بولغان بىر قېتىملىق «سىياسىي شۇۋاڭخۇاڭ ئويۇنى»نى ئوينىدى، ئاپئاق، سۈپەتلىك شىنجاڭ پاختىسىغا ئۇلار «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بەلگىسىنى چاپلىدى. بۇ ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ «شىنجاڭ پاختىسى»دىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن قوللانغان يەنە بىر سۇيىقەستى، ھىيلە ـ مىكرى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىرلىشىپ ئاممىۋى پىكىر جەھەتتە جۇڭگوغا قارا چاپلاش، ئىقتىسادىي جەھەتتە جۇڭگونى بېسىش، سىياسىي جەھەتتە جۇڭگونى تەنھا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەزىل غەرىزى تولۇق ئاشكارىلاندى.

شىنجاڭ پاختىسىغا ھەرقانداق دۆلەت ۋە تاشقى كۈچنىڭ قارا چاپلىشىغا، داغ تەگكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ! ھەممىگە مەلۇمكى، جۇڭگو دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتى، شىنجاڭ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى، بىرلىك ھوسۇلى ۋە يۆتكەپ چىقىرىلىش مىقدارى ئۇدا 25 يىل مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش، توقۇمىچىلىق، پىششىقلاش، كىيىم ـ كېچەك بازىلىرىنىڭ كۆلىمى پۇختا قەدەمدە زورىيىپ، مۇكەممەل بولغان كەسىپ زەنجىرى ۋە كەسىپ بازىسى شەكىللىنىپ، يەر شارىۋى توقۇمىچىلىق تەمىنلەش زەنجىرىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقا بولۇپ قالدى. شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا «چىگىت ئايرىش زاۋۇتى + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» زاكاز ئەندىزىسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، كارخانىلار پاختىكارلارنى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى، شۇنداقلا ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدى ھەم تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىپ سېتىۋېلىش ۋە پايدا تەقسىملەپ بېرىش، يەرنى پاي قىلىپ قوشۇپ ھەمكارلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پاختىكارلارنىڭ بازار خەۋپ ـ خەتىرىگە تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭدا پاختا يىغىشتا يۇقىرى دەرىجىدە ماشىنىلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، چېگرا سىرتىدىكى قىسمەن تەشكىلاتلار ۋە كىشىلەر تارقاتقان «شىنجاڭ پاختىسىنىڭ 70%ى ئادەم كۈچى ئارقىلىق يىغىۋېلىنىدۇ» دېگەن يالغان ـ ياۋىداق سۆز پاكىت ئالدىدا ئۆزلۈكىدىن بىتچىت بولىدۇ.

شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر «خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە ئالاقىدار ئەھدىنامىلەرنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى›نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، يۈرۈشتۈرۈش، نازارەت قىلىش، مۇرەسسە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشنى قانۇنچىللىشىش يولىغا سېلىپ، زورلاۋانلىق قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى قانۇنسىز ھالدا جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللايدۇ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملار بويىچە، باراۋەر، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالاقىدار كارخانىلار بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، تېگىشلىك ئىش ھەققىگە ئېرىشىدۇ، ئۇلار ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان جاينى تاللاشتىمۇ ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ـ ساقلىقنى ساقلاش قوغداش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىغا ئېرىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە قوغدالدى. ئۇلار مەيلى شىنجاڭدا ياكى باشقا ئۆلكە، رايونلاردا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي ئېتىقاد، مىللەتلەر مەدەنىيىتى، تىل ـ يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە قەدىر ـ قىممەتلىك ئەمگەكنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقى شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى، شۇنداقلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمى. لېكىن، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر «شىنجاڭ پاختىسى»دىن پايدىلىنىپ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» تېمىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆپتۈردى، بۇ ئەمەلىيەتكە ئويغۇن كەلمەيدۇ، قائىدىگە چۈشمەيدۇ، پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە بوھتان.

تاغلار دەريا سۈيىنى توسۇپ قالالمايدۇ، دەريا سۈيى ھامان دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ھەرقانداق بېسىم ئىشلىتىشكە ئۇرۇنۇش خۇددى ئاپئاق پاختىنى قاراپ تۇرۇپ قارا دېگەنگە ئوخشاش ئاساسسىز ۋە كۈلكىلىك. ئەمدىلا ئاياغلاشقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 46 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا، 80 نەچچە دۆلەت ئورتاق ياكى ئايرىم سۆز قىلىش شەكلى بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى ھەققانىي مەيدانىغا مەدەت بەردى ۋە قوللىدى، بۇ شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئادالەت ئەسلىدىلا كىشىلەر قەلبىدە، شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان بارلىق سۇيىقەستلەر مۇقەررەر بىتچىت بولىدۇ!